# 127067 - توغرا يولغا يېتەكلىنىۋاتقان ياشلارغا سەممى نەسىھەت

## سوئال

ھىدايەت يولىغا مېڭىۋاتقان ياكى يېتەكلىنىۋاتقان ياشلارغا نەسىھەت قىلىشىڭلارنى سورايمىز؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن توغرا يولغا يۈزلەنگەن ياشلارغا قىلىدىغان سەممى نەسىھىتىمىز:

1-ئاللاھ تائالادىن ھەرۋاقىت ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، توغرا يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سورىشى لازىم.

2-قۇرئان كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئۆيلىنىشى كېرەك. چۈنكى، قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلىپ، مەنىلىرىنى ئۆيلىنىپ ئوقۇغاندا قەلبكە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3-تائەت-ئىبادەتلەرنى بوشاشماستىن داۋاملاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا دائىم ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقتىن پاناھ تىلەيتتى.

4-ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشى ۋە ناچار كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

5-ھەرۋاقىت ئۆزىگە تەلەپنى يۇقىرى قويۇپ، نەپسى-خاھىشى ھورۇنلۇق، بوشاڭلىققا يۈزلەنسە: ئى نەپسىم! مۇساپە يىراق، يول ئۇزۇن، بوشاڭلىق قىلما! ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرغىن دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى لازىم. چۈنكى جەننەت ئىشلەش قىيىن تۇيۇلىدىغان ئەمەللەر بىلەن، دوزاخ بولسا ھاۋايى-ھەۋەس (يەنى شەيتانى ئەمەللەر) بىلەن قورشالغاندۇر.

6 - ناچار ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. گەرچە ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يېقىن دوستلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ يامان تەسىرىدىن خالى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مىسال بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **«ناچار ھەمراھنىڭ مىسالى، تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىنى باسقۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسەڭ كىيىمڭنى كۆيدۈرۈۋالىسەن ياكى ئۇنىڭدىن يىرگىنىشلىك پۇراقلارنى يۇقتۇرۇۋالىسەن.»** [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]. توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى